«شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» كىتاب نەشر قىلىش تۈرى (265)
"东风工程"图书出版项目之265
سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇلۇشى ئوقۇشلۇقى

# ئۈمىد قۇچقان دالىلاردا

(رەسىملىك چۈشەندۈرۈش)

—— شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ تىرىشىپ بېيىغانلىقى توغرىسىدا ھېكايىلەر

تۈزگۈچى: ليۇ يىن



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

# ئۈمىد قۇچقان دالىلاردا

(رەسىملىك چۈشەندۈرۈش)

—— شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت دېھقان، چارۋىچىلىرىنىڭ تىرىشىپ بېيىغانلىقى توغرىسىدا ھېكايىلەر

تۈزگۈچى: لىۋ يىن
تەرجىمە قىلغۇچى: ھەبىبۇللا ئىلياس

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)**

画说在希望的田野上：新疆少数民族农牧民勤劳致富的故事：维吾尔文/刘寅主编．艾比布拉·艾力牙斯译．—乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2008.7

ISBN 978-7-80744-356-8

Ⅰ．画… Ⅱ．刘… Ⅲ．纪实文学-作品集-中国-当代-维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ．I25

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 108078 号

**画说在希望的田野上**（维吾尔文）

——新疆少数民族农牧民勤劳致富的故事

刘寅　主编

艾比布拉·艾力牙斯　译

新疆美术摄影出版社
新疆电子音像出版社 出版

（乌鲁木齐市西虹西路 36 号　邮政编码：830000）

新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂印刷

787mm × 1092mm　32 开本　3 印张

2008 年 8 月第 1 版　2008 年 8 月第 1 次印刷

印数：1-22 600 册

ISBN 978-7-80744-356-8（民文）　定价：9.10 元

پىلانلىغۇچى: **دۇڭ فېڭ**
ئومۇمىي لايىھىلىگۈچى: **چۇ يۈەن**
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: **داڭ خۇڭ**
رەسىملىرىنى سىزغۇچى: **لوڭشىخۇي كارتون فىلىم چەكلىك شىركىتى**

مەسئۇل مۇھەررىرى: **ئەنۋەر قۇتلۇق**
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: **تۇرغۇنجان سۇلتان**
مەسئۇل كوررېكتورى: **مەرھابا مۇھەممەت**

# ئۈمىد قۇچقان دالىلاردا
## (رەسىملىك چۈشەندۈرۈش)

—— شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت دېھقان، چارۋىچىلىرىنىڭ تىرىشىپ بېيىغانلىقى توغرىسىدا ھېكايىلەر

تۈزگۈچى: ليۇيىن

تەرجىمە قىلغۇچى: ھەبىبۇللا ئېلياس

*　　*　　*

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى،
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى № 36 پوچتا نومۇرى: 830000)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787mm × 1092mm 1/32 باسما تاۋىقى: 3
2008 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
2008 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 22 600
ISBN 978 - 7 - 80744 - 356 - 8
باھاسى: 9.10 يۈەن

# كىرىش سۆز

«شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بىر تۇتاش پىلانلىغان، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى كونكرېت تەشكىللەپ يولغا قويغان خەلققە پايدا يەتكۈزىدىغان قۇرۇلۇش. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئاخبارات - نەشرىياتچىلىقنىڭ تارقىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلىرى ئارىسىدا پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئىلغار مەدەنىيەتنى تارقىتىپ، ئۇلارغا پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىتىدىغان، ساپاسىنى ئۆستۈرىدىغان، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدىغان ئاخبارات - نەشرىيات ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

شىنجاڭدىكى ھەممە يېزا - كەنتلەرگە كىتاب، ئۈن - سىن نەشر بۇيۇملىرىنى تەقدىم قىلىش — «شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى»دىكى مۇھىم تۈرلەرنىڭ بىرى. بۇ تۈردە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇلۇشى مۇساپىسى ۋە مەركەزنىڭ «يېزا، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار» خىزمىتى توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، پارتىيىنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى سۆيۈشكە ئائىت ئوقۇشلۇقلار، «يېزا، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار» خىزمىتىگە ئائىت پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقلىرى، سەھىيە - ساقلىقنى ساقلاش بىلىملىرىگە ئائىت ئوقۇشلۇقلار، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت ئوقۇشلۇقلار، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيە ۋە ئەخلاق تەربىيىسىگە ئائىت ئوقۇشلۇقلار، قوش تىل مائارىپى ئوقۇشلۇقلىرى، جۇڭخۇا مىللەتلىر-

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

نىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇشقا ئائىت ئوقۇش-
لۇقلار، كۆڭۈل ئېچىشقا ئائىت ئوقۇشلۇقلار، سوتسىيالىستىك
يېڭى يېزا قۇرۇلۇشىغا ئائىت ئوقۇشلۇقلار، ماركسىزملىق دىن
قارىشى، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ۋە دىن سىياسىتىگە
دائىر بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت ئوقۇشلۇقلار قاتارلىق
ئون چوڭ تۈر بويىچە نەشر بۇيۇملىرىنى نەشر قىلىش ئورۇنلاش-
تۇرۇلدى. مەزمۇن جەھەتتە، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت
بەرپا قىلىش ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش ئاساسىي لى-
نىيە قىلىندى؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ «ئىش-
لەپچىقىرىشى تەرەققىي تاپقان، تۇرمۇشى باياشات، يېزا ئىستىلى
مەدەنىي، كەنت مۇھىتى رەتلىك ۋە پاكىز، باشقۇرۇشى دېموكرا-
تىك بولۇش» قا يېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش نىشان قىلىندى؛
نەشر قىلىشتا «دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق كەسىپلىرىگە يې-
قىنلاشتۇرۇش، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىغا يې-
قىنلاشتۇرۇش، دېھقان - چارۋىچىلارغا يېقىنلاشتۇرۇش» مەقسەت
قىلىندى؛ ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلىرى ئوقۇپ چۈشىنە-
لەيدىغان، ئۆگىنەلەيدىغان، ئىشلىتەلەيدىغان بولۇش پرىنسىپ
قىلىندى. بىز نەشر بۇيۇملىرىنى ئاممىباب، چۈشىنىشلىك قى-
لىپ تۈزۈشكە، تېكىستىمۇ، رەسىممۇ، ئاۋازىمۇ بار قىلىپ چى-
قىرىشقا تىرىشتۇق، شۇنداقلا ئىلمىي ۋە ئەمەلىي بولۇشىغا، مەز-
مۇنلۇق ۋە قىزىقارلىق بولۇشىغا كۆچىدۇق، يېڭى تېخنىكا، يېڭى
ئىدىيە ۋە يېڭى بىلىملەر ئارقىلىق ھەر مىللەت دېھقان - چارۋى-
چىلىرىنى يېڭى ئىدىيە، يېڭى يۈكسەكلىك ۋە يېڭى نەزەرگە ئىگە
قىلىشقا تىرىشتۇق.

بىز يەنە «شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» ئارقىلىق، ھەر مىللەت
دېھقان - چارۋىچىلىرىنىڭ كىتاب سېتىۋېلىشى، كىتاب ئوقۇشى
تەس بولۇش مەسىلىسىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە ھەل بولۇشىنى،

پۈتۈن شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىنى كىتاب ۋە ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەش يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسىنىڭ ئۈنۈملۈك ياخشىلىنىشىنى، ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى مۇنەۋۋەر نەشر بۇيۇملىرىنىڭ قاپلاش دائىرىسى ۋە تەسىر دائىرىسىنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىشىنى، ھەر مىللەت دېھقان ـ چارۋىچىلىرىنىڭ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، كىرىمىنى كۆپەيتىپ، ئىلمىي بېيىشىنى ئەقلىي مەدەت ۋە مەنىۋى كۈچ بىلەن تەمىن ئېتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىقىنىڭ
«شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» رەھبەرلىك
گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى

# مۇندەرىجە


ساۋكەنىنىڭ «قوي بانكىسى»............................(1)
بېيىش يولىدىكى ماھىر...............................(5)
مۇرات كەنت بويىچە ئالدىن بېيىدى......................(9)
يىلقا بېقىش موڭغۇلكۆرە ناھىيىسىدىكى دېھقان ــ چارۋىدـ
چىلارنى بېيىتتى ..........................................(14)
ئولتۇراقلاشقان چارۋىچى ئاچا ــ سىڭىللارنى بېيىش يولىغا
باشلىغان باشلامچى ........................................(19)
كالىنىڭ پېيىدە بولۇش، كالىغا ئۈمىد باغلاش............(27)
ئورنىدىن دەس تۇرغان تەرسا بوۋاي.........................(32)
قۇملۇقتا بەرپا قىلىنغان ئۈزۈمزارلىق.....................(38)
پاختىزارلىقتىن ئۇچۇپ چىققان ئەنقا.....................(44)
يېڭى يېزىدىكى يېڭى دېھقانلارنىڭ بېيىغانلىقى توغرىسىدا
ھېكايىلەر...................................................(53)
ياڭاق «بېيىش ئىشكى» نى ئاچتى.........................(61)
ئەمگەك نەمۇنىچىسىنىڭ باسقان ئىزى......................(64)
بېيىش مۇساپىسىدىكى ئورما.................................(70)
بىر گۈل ئېچىلسا ھەممە گۈللەر تەڭ ئېچىلىدۇ.........(80)

# ساۋكەنىنىڭ «قوي بانكىسى»



بىڭتۇەن 6 ـ دىۋىزىيە ۋۇجياچۈ ياشلار ئىتتىپاقى دېھقانچى-
لىق مەيدانىدىكى 47 ياشلىق پارتىيە ئەزاسى ساۋكەن قوي بېقىشقا
تايىنىپ بېيىغان كىشى. ئۇنىڭ قويلىرى ئەسلىدىكى نەچچە ئون
تۇياقتىن 400 تۇياققا يەتتى. ئۇ ھەر يىلى 30 مىڭ يۈەندىن كۆپ-
رەك كىرىم قىلدى، ئۇنىڭ ئىسمى جىسمىغا لايىق «قوي بانكىسى»
بار.



ساۋكەنىنىڭ ئائىلىسىدە بەش
جان ئادەم بولۇپ، ئىلگىرى
ھېچنېمىسى يوق ئىدى.
نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن،
ساۋكەن ئاۋۋال مىللىي ئالاھىدى-
لىككە ئىگە ئۈششاق يېمەك-
لىكلەر دۇكىنى ئاچتى. كېيىن
تاپقان پۇلىغا ئون نەچچە تۇياق
قوي سېتىۋالدى ۋە قوي بېقىشقا
كىرىشتى.

2004 - يىلى دېھقانچىلىق
مەيدانى چارۋىچىلىق ۋە
باقمىچىلىقنى تەرەققىي
قىلدۇرۇشقا دائىر ئېتىبار
بېرىش سىياسىتىنى ئوتتۇ-
رىغا قويدى. ساۋكەن بىراقلا
20 مىڭ يۈەن قەرز ئالدى.
ئۇنىڭ «قوي بانكىسى» ناھا-
يىتى تېز تەرەققىي قىلدى.






ئۇ بازار ئەھۋالىنى يېقىندىن كۆزىتىپ، «تۆۋەن باھادا سېتىۋېلىپ، يۇقىرى باھادا سېتىش» چارىسىنى قوللىنىپ، ناھايىتى تېزلا ئەمەلىي ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. 1999 – يىلىدىن 2005 – يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا يىللىق ساپ پايدىسى 30 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا بولدى.



ساۋكەن بېيىدى، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ كومپارتىيە ئەزاسىغا خاس مەجبۇرىيىتىنى ئەستىن چىقارمىدى. ئۇ كەنجىبېك بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بويىچە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى، تەنها بوۋاي مەسۇمنى ئۆز ئۆيىگە ئەكېلىۋالدى، بوۋاي كۆرگەنلا ئادەمگە خۇشاللىق بىلەن «ساۋكەن ياخشى پارتىيە ئەزاسى» دەپ ماختاپ بەردى.



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com



بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات ئۈستىدە توختالغاندا، ساۋكەن ئىشەنچ بىلەن: «قويىنى 1000 تۇياققا يەتكۈزۈشكە تىرىشىمەن ھەمدە بازار ئەھۋالىغا قاراپ 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ 40 تۈگە سېتىۋالىمەن» دەيدۇ.

قازاق پارتىيە ئەزاسى ساۋكەننىڭ ئائىلىۋى باقمىچىلىق بىلەن بېيىش يولى بارغانسېرى كېڭەيمەكتە.

# بېيىش يولىدىكى ماھىر

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى نىلقا ناھىيىسىنىڭ قوجۇرتاي يېزىسىدا نى شيۇجېننى تىلغا ئالسا بىلمەيدىغان ئادەم يوق.

40 نەچچە ياشلىق نى شيۇجېن مىجەزى ئوچۇق، كۆڭلى تۈز، قولۇم - قوشنىلىرىغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان ئايال. ئۇ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۆزىنىڭ قەيسەر ئىرادىسى ۋە سەزگۈر بازار ئېڭىغا تايىنىپ، جاپاغا چىداپ تىرىشىپ، ئۆزى بېيىپلا قالماي، كەنت ئاھالىلىرىنىمۇ بېيىش يولىغا يېتەكلىدى.



نى شيۆجېن توي قىلغاندا، قېينانىسىنىڭ ئۆيىدە تۆت تامدىن باشقا ھېچنەرسىسى يوق ئىدى. ئىرادىلىك نى شيۆجېن باشقىلار-نىڭ ئارقىسىدا قېلىشقا تەن بەرمىدى. ئۇ ئېرى بىلەن مەسلىھەت-لىشىپ، بىر كىچىك دۇكان ئاچتى، نەچچە يىل بولمايلا، ئاز ـ تولا مەبلەغ توپلىدى. ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، كەنتتە بىر جۇۋازخانا ۋە مونچا ئېچىپ، ئۆزى پۇل تېپىپلا قالماستىن، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغىمۇ ناھا-يىتى زور قولايلىق يارىتىپ بەردى.





1991 ـ يىلى نى شيۇجېن كەنت ئاياللار مۇدىرى بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن، يولدىشىنى ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق كەڭ دائىرىلىك ئېتىزلارنى تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇش ئىشىنى ھۆددىگە ئېلىشقا رىغبەتلەندۈردى. كېيىن يەنە كەڭ كۆلەملىك يەرنى ھۆددىگە ئېلىپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇنىڭ بىر قانچە يىلدىن بۇيان توپلىغان مەبلىغى 100 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.



پەقەت ئەمگەكچان ئىككى قولىغا تايىنىش بىلەن ئىش پۈتمىدىغانلىقى نى شيۇجېنغا ئايان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن يېزا ئىگىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىردى ۋە دېھقان ـ چارۋىچىلارنىمۇ ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈردى. مۇشۇ بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئۇ، مەبلەغ توپلاپ، يۈك توشۇش ماشىنىسى، توپا ئۇسۇش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللاندى، ھازىر ئۇنىڭ مەبلىغى 600 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ، داڭلىق ھاللىق ئائىلە بولۇپ قالدى.



باياشات ياشاۋاتقان نى شيۇجېن يۇرتداشلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىدى، 1995 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئۇ يېزىدىكى نامرات ئائىلە داۋا بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بويىچە ھەمكارلىق ئالاقىسى ئورناتتى، داۋاغا 10 ساغلىق، چۈجە، غاز چۈجىسى ۋە ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا كېرەكلىك نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئاپىرىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا تېرىقچىلىق ۋە باقمىچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆگەتتى. ھازىر نى شيۇجېننىڭ ياردىمى بىلەن داۋا ئائىلىسىدىكىلەر نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

# مۇرات كەنت بويىچە ئالدىن بېيىدى

بىر چارۋىچىنىڭ يىللىق كىرىمىنى 60 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزگەنلىكىگە ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ. ئەمما بۇ سان ئالتاي ۋىلايىتى جىمىنەي ناھىيىسىنىڭ جىمىنەي بازىرى شارقوت كەنتىدىكى چارۋىچى مۇرات ئۈچۈن ئادەتتىكىدەكلا بىر ئىش. ئۇ ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق قىسقىغىنە بەش يىلدىلا 250 مىڭ يۈەن ساپ كىرىم قىلىپ، كەنت بويىچە ئالدىن بېيىغان ئادەم بولۇپ قالدى.





此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com